# غەلبىنىڭ ئەمىلىيلىشىشى ئۈچۈن بەش ئاساس

**شەيخ ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ « ئەل ئۇمدە فى ئىئدەدىل ئۇددە »**

**ناملىق كىتابىدىن بىر بۆلۈمىنىڭ تەرجىمىسى**

**مەنبە تور بېكەت : www.davetvecihad.com**

بۇ ئاساسلارنى مۇنداق تەرتىپكە تىزىشىمىز مۇمكىن :

**بىرىنچىسى : غەلبە يالغۇز الله نىڭ ئىلكىدە.**

**ئىككىنچىسى : الله تەئالا ، دۇنيادا مۇئمىن قۇللىرىغا ، دۈشمەنگە قارشى ياردەم قىلىش ۋەدىسىنى بەرگەن .**

**ئۈچىنچىسى : الله تەئالانىڭ بۇ غەلبە ۋە ياردەم قىلىش ۋەدىسى ، كامىل ئىمان ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر. ھەر مۇئمىننىڭ بۇ ياردەمدىن نېسىۋىسى ، ئىمانى مىقدارىدا بولىدۇ.**

**تۆتىنچىسى : الله تەئالا مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان بۇ ياردەمنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكى ، شەرتلەرنىڭ ئادا قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.**

**بەشىنچىسى : بۇ ياردەمنىڭ ئەمەلىيلىشىشى كېچىكسە ، قۇل بۇنىڭغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك شەرتلەرنى تاماملىشى كېرەك.**

***بىرىنچىسى : غەلبە يالغۇز الله نىڭ ئىلكىدە.***

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللەنىڭ تەرىپىدىندۇر.» ( ئالئىمران : 126 )

ئايەت، ئەرەب تىلىدا چەكلەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. بۇ چەكلەش بولسا ، بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلىگەن « ما » ھەرپى بىلەن ئىستىسنا ھەرپى بولغان « ئىللا » ھەرپلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدۇر. بۇ مەنا ، الله تەئالانىڭ : « ئەگەر الله سىلەرگە ياردەم بەرسە، ھېچ كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر الله سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، اللەدىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟ مۇئمىنلەر يالغۇز اللەغا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى اللەغا تاپشۇرسۇن)» ( ئالئىمران : 160 ) ئايىتىدىمۇ بار. ھۇنەين ئۇرۇشىدا ساھابىدىن بەزىلىرى بۇ مەناغا سەل قاراپ سانىنىڭ كۆپلىكىگە ئالدانغىنىدا ، الله نىڭ ئۇزنى بولماستىن سان ۋە ھازىرلىقنىڭ بىرەر ئىشقا يارىمايدىغانلىقىنى كۆرۈشى ئۈچۈن مەغلۇبىيەت مەيدانغا كەلدى. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىنى ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۇگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. ( قاتتىق قورقىنىڭلاردىن ) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن

(مەغلۇپ بۇلۇپ ، رەسۇلۇللانى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ ) ئارقاڭلارغا قاچتىڭلار. ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قۇشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى ) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كافىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كافىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ.» ( تەۋبە : 60 )

الله تەئالا ، ئۇلارغا ئۇلار ئىشەنگەن بۇ كۆپلۈك بولماستىن نۇرغۇن يەردە ياردەم قىلغانلىقىنى ئەسلەتتى. كۆپلۈككە ئالدىنىپ ئۇنىڭغا ئىشىنىشىنىڭ ئۇلارغا بىرەر مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى ۋە يېڭىلگەنلىكىنى بىلدۈردى. مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇلارغا غەلبىنىڭ ئەسقاتمىغان سانى كۆپلىكتىن ئەمەس ، اللەتىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم قىلىپ غەلبە ئاتا قىلدى ۋە كۆپچىلىكى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويغان؛ « غەلبە پەقەت اللەدىندۇر » پىرىنسىپىگە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى.

***ئىككىنچىسى : الله تەئالا ، دۇنيادا مۇئمىن قۇللىرىغا ، دۈشمەنگە قارشى ياردەم قىلىش ۋەدىسىنى بەرگەن .***

بۇ ، ئۆزگەرتىلىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان توغرا بىر سۆز ۋە الله تەئالانىڭ ئۆزگەرمەس قەدەرى بىر قانۇنىدۇر. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« (ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى)،ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق، مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى.» ( رۇم : 47 )

« سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى،ئۇلار ئىنكار قىلغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى،ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى،اللەنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ،شۈبھىسىزكى،پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى.» ( ئەنئام : 34 )

« اللەنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ..» يەنى ئىجتىمائى قانۇنلىرى چوقۇم ئەمەلىيلىشىدۇ. « «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ۔ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.» بۇ قانۇنلاردىن يەنە بىرى بولسا مۇئمىنلەرگە بەرگەن ۋەدىدىن ئىبارەت : « ئۇلارغا ياردىمىمىز يېتىپ كەلگەندە...»

ياردەم قىلىش ۋەدىسى ، يۇقىرىقى ئايەتلەردە بولغىنىدەك ، ئاخىرەتتە ئەمەس ، دۇنيادا بولغان ياردەمدۇر. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە هاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار هازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز.» ( غافىر : 51 )

« مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار ـ يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى .» ( سەف : 14 )

اللە تەئالانىڭ بۇ ئىجتىمائى قانۇنلىرىنىڭ كېرەكلىرىدىن بىرى بولسا ، زېمىندا مۇئمىنلەرگە رەھبەرلىكنى بېرىشىدۇر. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا هۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم هۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى...» ( نۇر : 55 )

« كافىرلار پەيغەمبەرلىرىگە:«سىلەرنى زېمىنمىزدىن چوقۇم هەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھى قىلدى:«زالىملارنى چوقۇم هالاك قىلىمىز. ئۇلارنى هالاك قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر». ( ئىبراهىم : 13 ـ 14 )

بۇ ۋە نۇر سۈرىسىدىكى ئايەت ، اللە تەئالانىڭ مۇئمىنلەرگە ، ئىلگىرىكى مۇئمىنلەرگە نېسىپ قىلغىنىدەك دىننى خاتىرجەم هالدا ياشىيالايدىغان ۋە هاكىم بولالايدىغان بىر ۋەزىيەتنى نېسىپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا اللە تەئالا بۇنىڭ شەرتلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىۋاتماقتا : « اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە...» ۋە « بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر.» دەيدۇ . نۇر سۈرىسىدىكى ئايەتتە ؛ « ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا هۆكۈمران قىلغاندەك » دېيىشى ، ئۆزگەرمەس بۇ ئىلاھى قانۇننى تەكىتلەش ۋە تېخىمۇ ئۈچۈقلاپ بېرىش ئۈچۈندۇر. يەنى ، سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئۈچۈن بۇ ئەمىلىيلەشكىنىدەك ، شەرتلىرىنى ئورۇنلىغان ۋاقىتىڭلاردا سىلەر ئۈچۈنمۇ ئەمىلىيلىشىدۇ، دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ .

***ئۈچىنچىسى : اللە تەئالانىڭ بۇ غەلىبە ۋە ياردەم قىلىش ۋەدىسى ، كامىل ئىمان ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر. هەر مۇئمىننىڭ بۇ ياردەمدىن بولغان نېسىۋىسى ، ئىمانى مىقدارىدا بولىدۇ.***

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « ...مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى .» ( رۇم : 47 ) قۇلنىڭ اللەنىڭ ياردىمىدىن ئىمانغا كۆرە نېسىۋىسى بولىدۇ. ئىمان دەرىجىسى يۇكسەلگەنچە اللەنىڭ ياردىمىدىن نېسىۋىسىمۇ ئارتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىمان دەرىجىسى تۆۋەنلىگەنچە ، اللەنىڭ ياردىمىدىن نېسىۋىسىمۇ تۆۋەنلەيدۇ.

بۇ ، ئىماننىڭ ، تارماقلاردىن تەركىپ تاپقانلىقى ۋە كېمىيىپ ئاشىدىغانلىقى ئاساسىغا تايىنىدۇ. بۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ ئېتىقادىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدىن ياكى يەتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېيىش ، ئەڭ تۆۋىنى كىشىلەرگە ئەرزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن يولدىن ئېلىۋېتىشتۇر. ھايا-شۇ شاخچىلارنىڭ بىرىدۇر. » ( مۇسلىم ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.)

باشقا بىر ھەدىستە بولسا مۇنداق كېلىدۇ : « اللەنىڭ ئەلچىسى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دېدى : « مەن ئۇيقۇدىكى چېغىمدا ئىنسانلارنىڭ ماڭا ئۇچىسىدىكى كۆينەكلىرى بىلەن كۆرسىتىلگەنلىكىنى كۆردۇم . كۆينەكلەرنىڭ بەزىسى كۆكسىگە قەدەر ، بەزىسى بولسا تېخىمۇ تۆۋەن ئىدى . ئۆمەر ئىبنۇل خەتتاب بولسا ئۈستىدىكى ئۇزۇن بىر ئەنتارىنى (ئۇزۇن پۈركەنچىلىك چاپان ــت) كىيىۋېتىپ ماڭا كۆرسىتىلدى .» « بۇنى قانداق شەرھىلىدىڭىز ئى اللەنىڭ ئەلچىسى ؟ » دېيىشتى. اللەنىڭ ئەلچىسى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) : « دىن بىلەن » دېدى .» ( بۇخارى ) بۇخارى ، سەھىھىنىڭ « ئىمان » بۆلۈمىنىڭ بېشىدا « ئىمان سۆز ۋە ئەمەلدۇر ، ئاشىدۇ ۋە كېمىيىدۇ » دەيدۇ. ئىبنى ھاجەر مۇنداق دەيدۇ : « ئەبۇل قاسىم ئەل لالەقائى « كىتابۇس سۈننە » دە شافىئى ، ئەھمەد ، ئىسھاق بىن راھۇيە ، ئەبۇ ئۇبەيد ۋە باشقا ئىماملاردىن بۇ شەكىلدە نەقىل قىلغان ۋە سەھىھ بىر سەنەد بىلەن بۇخارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان : « ئوخشىمىغان شەھەرلەردە مىڭدىن ئارتۇق ئالىملار بىلەن كۆرۈشتۇم . ئىماننىڭ سۆز ۋە ئەمەل ئىكەنلىكى ، ئاشىدىغانلىقى ۋە كېمىيىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەرسىنىڭ ئىختىلاپ قىلغىنىنى كۆرمىدىم .» ( فەتھۇلبارى ، 47/1)

كىشىنىڭ ئىمانى كۈچەيگەنسېرى اللەنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىدىن نېسىۋىسى ئارتىدۇ. جىھاد ساھەسىدە غەلىبە ئىككى شەرتكە باغلىق :

***1 ـ ئومۇمىي شەرت :*** بۇ ، ئىمانى ھازىرلىقتۇر. بۇ بولسا بىراۋنىڭ « مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى» ئايىتىدە كۆرسىتىلگەن مۇئمىنلەردىن بولالىشى ئۈچۈن ؛ قەلبى ، زاھىرى، ئىلمى ۋە ئەمەلى ئىمان تارماقلىرىدىن ھەممىسىنى دائىما كۈچەيتىشى بىلەن بولىدۇ.

***2 ـ خاس شەرت :*** بۇ بولسا جىھاد ئۈچۈن قىلىنىدىغان ماددى ھازىرلىقتۇر. قۇرال تەييارلاش، مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشقا تەشۋىق قىلىش، ئاللاھ يولىدا نەفىقە قىلىش ۋە پىداكارلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيە بولسا بۇ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « (بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كافىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھيولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ).» ( ئەنفال : 59ـ60)

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ، كافىرلارنى تولۇق قورۇشغانلىقنى ، ئۇلارغا كۈچى يېتىدىغانلىقنى ۋە ئۆزىنى ئاجىز قالدۇرالمايدىغانلىقنى بايان قىلماقتا . ئەمما بۇلار بىلەن بىللە بىزگە ، ئىلاھى ياردەم ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ بىر شەرتى سۈپىتىدە قولىمىزدىن كەلگەنچە ھەر تۈرلۈك تەييارلىقلارنى قىلىشنىمۇ بۇيرۇغان . چۈنكى دۇنيا ، ئىمتىھان يېرى ۋە ئىشلار دۇنيادا سەۋەبلەرگە باغلانغان ھالدا يۈرۈشىدۇ. ئاللاھ تەئالا ، ئىماندىكى راستچىللىق دەرىجىسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن مۇئمىننى كافىر ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىدۇ . مۇئمىن كىشىنىڭ كافىرغا قارشى جىھاد قىلىشى ، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇۋۋەت تەييارلىشى بۇ ئىمتىھاننىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىمان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇدىغانلىقنى ياكى ئاۋاز قوشماي ئۇرۇش قىلىدىغانلىقنى ئوتتۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن كافىرنىمۇ ، مۇئمىن ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىدۇ . ئاللاھ تەئالا ، ھەر ئىككى تەرەپنى بىر بىرى بىلەن ئىمتىھان قىلىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ :

« ... ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى)...» (مۇھەممەد : 4)

ماددى تەييارلىق دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلاردىن بىرسى بولسا ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەن قارشى سەپلىرىنى بىرلەشتۈرىشىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« (پۈتۈن سۆز ـ ھەركەتلىرىڭلاردا) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ،(دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» ( ئەنفال : 46)

ئايەتتە ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە تارتىششىنىڭ بولۇشىنىڭ ، مەغلۇبىيەتنىڭ ئەك رۇشەن سەۋەبى ئىكەنلىكى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ بىر-بىرىنى دوست تۇتۇشىنىڭ بولسا غەلىبىنىڭ ئەك مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

« كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن (ئۇ اللەنىڭ جامائەسىدىندۇر). اللەنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر.» ( مائىدە : 56 )

شۇبھە يوقكى ، ماددى جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشمۇ ئىماننىڭ تۈللىرىدىن . چۈنكى بۇ ، الله تەئالانىڭ بىر ئەمرىنى ئادا قىلىشتۇر. ئادا قىلىنغان بۇ ئەمىر بولسا ، الله تەئالانىڭ ئۇشبۇ بۇيرۇقىدىن ئىبارەت :

« ... دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قۇلۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار...» ( ئەنفال : 60 )

بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالدۇق . بۇنىڭ ئىمانى تەييارلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، خاس بولغاننىڭ ئومۇمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شەكلىدىدۇر.

***تۆتىنچىسى : الله تەئالا مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان بۇ ياردەمنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكى ، شەرتلەرنىڭ ئادا قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر***

بۇ بولسا قۇلنىڭ ئىمانى ۋە ماددى تەييارلىقنى لايىقىدا بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى.

بۇ ياردەم ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكىنىڭ مەنىسى ؛ كافىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا غالىب كېلىشى ، دۆلەتنىڭ كۇفرىنىڭ ۋە كافىرلارنىڭ قولىدا بولۇشىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىماندىكى كەمتۈكلۈك ، مەئسىيەت ۋە گۇناھلار سەۋەبىدىن بولغان. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ...ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر...» ( نىسا : 79 )

« سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، الله نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار).» ( شۇرا : 30 )

« بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە الله ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ...» ( ئەنفال : 53 )

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ : « اللە تەئالا بۇ ئايەتتە ، مۇكەممەل ئادالەتنى ۋە كىشىگە بەرگەن نېئمەتنى ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولماستىن تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكمىنى بايان قىلىدۇ.» اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« شۈبھىسىزكى، الــــــلە ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ.» ( يۇنۇس : 44 )

اللە تەئالانىڭ بۇ ئىجتىمائى قانۇنى ، ئىنسانلارنىڭ ئەك تاللانغىنى بولسىمۇ ، ھېچكىمنى قايرىپ قويمايدۇ . بۇنىڭ ئەك رۇشەن مىساللىرىدىن بىرى ، ئوھۇد كۈنى ساھابىلەرنىڭ ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ) بېشىغا كەلگەن يارىلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشقان ئىدى. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىۋاتماقتا : جامائەت بولۇپ ئادا قىلغان ئىشلاردا ، بەزىلەرنىڭ مەئسىيەتلىرى ھەممەيلەنگە زەرەر بېرىدۇ . ئوھۇد كۈنى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر بىلەن ئالاقىدار ھالدا اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» ( ئالئىمران : 165 )

دۈشمەننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا مۇسەللەت بولۇشى ، گۇناھلىرى سەۋەبلىك اللە تەئالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن بىر جازاسىدۇر. ئىنسان بولغان دۈشمەنلەر نۇقتىسىدىن ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاندەك جىن بولغان دۈشمەنلەر نۇقتىسىدىنمۇ مۇشۇنداق . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« كىمكى مېھرىبان الــــــــلەنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ.» ( زۇخرۇف : 36 )

قۇل قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبلىك شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا مۇسەللەت بولۇشىغا يول ئاچىدۇ ۋە ئىنسانلاردىن بولغان دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئۇنى خار قىلىدۇ . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر- بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى...» « ئالئىمران : 155 )

بۇ پرىنسىپنى مۇنداقمۇ بايان قىلىشىمىز مۇمكىن : مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشىمىسىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئەسلىدە خۇسۇسى ئىچكى سەۋەبلەردىن ئىبارەت . بۇ مۇسلىم سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ئۇشبۇ ھەدىستە ئوچۇق بىلدۈرۈلمەكتە :

« اللە تەئالا زېمىننى مەن ئۈچۈن قاتلاپ يىغدى، مەن ئۇنىڭ شەرقىنى ۋە غەربىنى كۆردۈم . ئۈممىتىمنىڭ مۈلكى ، ماڭا كۆرستىلگەن يەرلەرگە قەدەر ئۇزىرايدۇ . ماڭا ئىككى خەزىنە بېرىلدى ، قىزىل ۋە ئاق خەزىنىلەر . مەن پەرۋەردىگارىمدىن، ئۈممىتىمنى ئومۇمي بىر قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلماسلىقىنى ، ئۈممىتىمگە ئۆزىدىن باشقا بىر دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ كۆپچىلىكىنى ھالاك قىلىشقا مەيدان بەرمەسلىكىنى تەلەپ قىلدىم . پەرۋەردىگارىم بۇ تەلەپلىرىمگە مۇنداق جاۋاب بەردى : « ئى مۇھەممەد ! بىر ھۆكۈم بەردىممۇ ئەمدى ئۇ قايتۇرۇلمايدۇ . مەن سېنىڭ ئۈممىتىڭگە « ئۇلارنى ئومۇمى بىر قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلمايمەن ، ئۆزىدىن سىرىت ، كۆپچىلىكىنى ھالاك قىلىدىغان بىر دۈشمەننى ھەم مۇسەللەت قىلمايمەن ، ھەتتا زېمىننىڭ ھەر تەرىپىدىكىلەر ، ئۇلارغا قارشى توپلانسىمۇ . ئەمما ئۆز ئارىسىدا بىر بىرلىرىنى ھالاك قىلىشىدۇ.»

بۇ ھەدىس ، مۇسۇلمانلار بۇزۇقلۇقتا جازاغا لايىق بولىدىغان دەرىجىگە چۈشمىگىچە ، اللە تەئالانىڭ ئۇلارغا تاشقىرىدىن كافىر دۈشمەننى مۇسەللەت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە مەغلۇبىيىتىنىڭ ئانا سەۋەبىنىڭ بولسا خۇسۇسى ، يەنى ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە .

مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشىمىسىزلىقىنىڭ ۋە ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبنى ، كافىرلارنىڭ ھىيلە ۋە پىلانلىرىغا باغلىغانلارنىڭ خاتالىقى ئېنىق . يەھۇدىلارنىڭ پىلان ۋە تاكتىكىلىرىدىن قورقۇتقان ۋە ھەر تۈرلۈك يامانلىقنى ۋە پاساتنى ئۇلارغا نىسبەت بەرگەن بەزى يازغۇچىلار بۇ خاتانى سادىر قىلىۋاتماقتا. ھالبۇكى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى كېرەك بولغان ھەقىقەت شۇكى ؛ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا نېمە مۇسىبەت كەلسە كەلسۇن ، بۇ مۇسىبەتلەردىن بىرىنچى دەرىجىدە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى جاۋابكار. چۈنكى اللە تەئالا ؛ « ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر.» ( نىسا : 79 ) دېۋاتماقتا . ئۇنىڭ ئۈستىگە اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ، كامىل ئىمانغا ئىگە بولغان مۆئمىنلەرگە قارشى كافىرلارنىڭ ھىيلە ۋە ئويۇنلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئۇشبۇ ئايەتتە بىلدۈرمەكتە :

« ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان- زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.» ( ئالئىمران : 111 )

ئەرزىيەت ، كىچىك زەرەردۇر . بۇ، زەرەرنىڭ ئومۇمىيسىدىن بۇنىڭ ئىستىسنا قىلىنغانلىقىدىن ئايدىڭلىشىۋاتماقتا . گۈزەل ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ... شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.» ( نىسا : 76 )

بۇ ئايەت ، كافىرلارنىڭ ھىيلە ۋە تۇزاقلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئۈچۈن بىر نەستۇر.

« بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، الــــــــله مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكاردۇر، كافىرلارغا مەدەتكار يوقتۇر.» (مۇھەممەد:11)

شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈگۈشسىزلىقى ، دۈشمەنلىرى سەۋەبىدىن ئەمەس دەسلەپ بولۇپ ئۆزلىرى سەۋەبىدىندۇر. مۇسۇلمانلار ئىسيان ۋە گۇناھلار بىلەن دۈشمەنلىرىگە پۇرسەت ۋە ئىمكان بەرگەن.

بۇ تۈتىنچى ئاساسىنىڭ نۇرى ئاستىدا مۇسۇلمان شەخس ۋە جامائەتلەر ئۆزلىرىگە باھا بېرىشلىرى كېرەك . بۇنىڭ نۇرى ئاستىدا ، گۇناھ ۋە قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىشلارنى كەمچىل ھالدا ئىجرا قىلىش بولماي تۇرۇپ مۇسىبەتنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچ ھېسابلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى كېرەك . بۇ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنىڭ ئىلىپ بېرىلىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، الــــله ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.» ( رۇم : 41 )

« ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى) نى تېتىتىمىز.» ( سەجدە : 21 )

پۈتۈن شەرىئەتلەردە بۇنىڭ كەسكىن بىر ئاساس ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە نەزەر سېلىش يېتەرلىك. الله يولىدا باشلىرىغا بىرەر ئىش كەلگىنىدە بۇنىڭ ئۆزلىرى قىلغان گۇناھلار سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋە دەرھال اللەقا تەۋبە ۋە ئىستىغفار ئېيتىشقان .

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۈي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الــــــــــلەنىڭ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت :« پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى ، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن ، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن » دېگەندىن باشقا بولمىدى.» ( ئالئىمران : 146ـ147 )

قۇرئان كەرىمدە قىسسىسى كەلگەن باغ ئىگىلىرىمۇ ، بېغى خاراپ بولغاندا بۇنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە دەرھال تەۋبە قىلىپ اللەقا يۈزلەنگەن :

« ئۇلارنىڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): «سىلەر نېمىشقا الـــــــلەغا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېمىگەنمىدىم» دېدى.ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! سېنى پاك ئېتىقاد قىلىمىزكى، بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر- بىرىگە قارىشىپ ئۆزئارا مالامەت قىلىشتى.ئۇلار دېيىشتى: «ۋاي بىزگە! بىز ھەقىقەتەن ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق.ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇنىڭــــــدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن ئۈمىد قىلغۇچىلارمىز». ( قەلەم : 28-32 )

***بەشىنچىسى : بۇ ياردەمنىڭ ئەمەلىيلىشىشى كېچىكسە ، قول بۇنىڭغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك شەرتلەرنى تاماملىشى كېرەك.***

الـلە تەئـالا مۇنـداق دەيـدۇ : « ...ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى الــلەنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) الــلە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الـــــــلە ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت- ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ) ...» ( رەئد : 11 )

بۇ اللە تەئالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيتى . اللەنىڭ، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىشى ۋە نېئمەتلەرنى ئاتا قىلىشى ئۈچۈن قول دەسلەپ بولۇپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تۈزىتىشى كېرەك . اللەقا ئىتائەتسىزلىك قىلىشى ۋە بېپەرۋالىق قىلىشى داۋام قىلغان ھالەتتە مۇسىبەتلەردىن قۇتۇلۇشنى كۈتۈشنىڭ مەنىسى يوق . بىز يۇقىرىدا توختالغان تۆتىنچى ماددا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىپ كافىرلارغا قارشى خار بولۇشى سەۋەبىنىڭ، خۇسۇسى قۇرۇلمىلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايان قىلىدۇ . بەشىنچى ماددا بولسا ئۇتۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ، ئۆزگىرىشنىڭ مەخسۇس ئىچكى قىسىمدىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن باشلىنىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

الـلە تەئالانـىڭ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ يېتىپ كېلىشى ياكى كەلمەسلىكى بىلەن ئالاقىدار ھالدا نەزەردە تۇتۇلۇشقا تېگىشلىك بەش ئاساس مۇشۇلاردىن ئىبارەت . مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بولۇپمۇ دەۋەت ۋە جىھاد ساھەسىدە تىرىشۋاتقانلار ، بۇ ئاساسلارنى ئەقلىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك .

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ، « ئەل جەۋابۇل كافى لىمەن سەئەلە ئەنىددەۋائىش شافى » ئىسىملىك ئەسىرىدە بۇ ئاساسلاردا ئايرىم ئايرىم ھالدا توختالغان . ئۇ كىتابىدا گۇناھلارنىڭ كىشىلەر ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىكى يامان تەسىرلىرىنى بايان قىلغان. « ئىغاسەتۇل لەھفان مىن ماسايىدىش شەيتان » ناملىق كىتابىدىمۇ مۇئمىنلەرگە اللەنىڭ ياردەم قىلىشىنىڭ شەرتلىرىنى ، ياردەم كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە بۇنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئېسىل بۆلۈملەرنى

ئاچقان ( قاراڭ . ئىغاسەتۇل لەھفان، 108/2ـ188 ، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيە ،ھىجرىيە1407).
ئىبنى تەيمىيەمۇ ( رەھىمەھۇللاھ ) ، « ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر.» ( نىسا : 79 ) ئايىتى بىلەن ئالاقىدار ھالدا ، يەنە بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن « ئەل ھاسەنە ۋەسسەييئە » ئىسىملىك كىتابىنى يازغان . پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ۋە بولۇپمۇ ئىسلام ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى بۇ كىتابلارنى ئوقۇشقا ۋە ياخشىلاپ چۈشىنىشكە چاقىرىمەن . چۈنكى ئۇلار ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ چوقۇم بىلىشى ۋە ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان بۇ ئاساسلارنى ئۇنتۇلۇغا قويغان.

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ ،« ئىغاسەتۇل لەھفان » ئىسىملىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ : « اللە تەئالا دىنغا ، ئۆز تەرەپتارلىرىغا ۋە ھەم ئىلىم ھەم ئەمەل بولۇپ دىننى ئىجرا قىلغان دوستىغا ياردەم بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان . ئىگىسى ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ ، باتىلغا ياردەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالمىغان. ئۈستۈنلۈك ۋە ئىززەتمۇ ، اللە ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن ، كىتابلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن نازىل قىلغان « ئىمان » نىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر. بۇ ئىمان بولسا ئىلىم ، ئەمەل ۋە ھالدىن ئىبارەت . اللە تەئالا ؛ « ...ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر .» ( ئالئىمران : 139 ) دېگەن . قۇل ، ئۆزى ئىگە بولغان ئىمان دەرىجىسى نىسبىتىدە ئۈستۈن بولىدۇ. اللە تەئالا ؛ « غەلبە اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ » دېگەن . بىر كىشى ، ئىمان ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىگە ئىگە بولغان مىقدارى بويىچە ئىززەت ئىگىسى بولىدۇ . ئىززەت ۋە ئۈستۈنلۈكتىن نېسىۋىسىنى ئالالمايۋاتقان بولسا ؛ ئىلىم ، ئەمەل ، زاھىرى ۋە باتىنى بولۇپ يوقىتۇرۇپ قويغان ئىمان ھەقىقەتلىرى سەۋەبىدىندۇر.

قۇلنى قوغداشمۇ قۇلنىڭ ئىمانى مىقدارىچە بولىدۇ. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « اللە مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ...» ( ھەج : 38 ) قۇلنىڭ قوغدىلىشى ئاز بولسا ، بۇ ئىمانىنىڭ ئازلىقىدىندۇر.

اللە تەئالانىڭ مۇئمىن ئۈچۈن كۇپايە بولۇشىمۇ ، ئۇ مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسىگە قارىتا بولىدۇ. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) اللە ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر.» ( ئەنفال : 64 )

يەنى اللە تەئالا ساڭىمۇ ، ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگىمۇ كۇپايە . اللە تەئالانىڭ ئۇلارغا كۇپايە بولۇشى ، ئۇلارنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى مىقدارىچە بولىدۇ. ئىماندا قانچىلىك دەرىجىدە كەمچىلىك بولغان بولسا ، اللە تەئالانىڭ بىراۋ ئۈچۈن يېتەرلىك بولۇشىمۇ شۇ دەرىجىدە ئاز بولىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت مەزھىپىگە كۆرە ئىمان ئارتىدۇ ۋە كېمىيىدۇ .

الله تەئالانىڭ قۇلىغا بولغان مەدەتكارلىقىمۇ قۇلنىڭ ئىمانى بىلەن مۇناسىپتۇر . الله تەئالا مۇنىداق دەيدۇ : «... الله مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر.» ( ئالئىمران : 68 ) ۋە يەنە « الله مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر » دەۋاتماقتا . ( بەقەرە : 257 )

الله تەئالانىڭ خاس بىللە بولۇشىمۇ ئىمان ئەھلى ئۈچۈن . الله تەئالا مۇنىداق دەيدۇ : « ...الله ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر .» ( ئەنفال : 19 ) ئىمان ئاز ۋە ئاجىز بولسا ، الله تەئالانىڭ قۇلىغا بولغان مەدەتكارلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشىمۇ قۇلنىڭ ئىماندىن بولغان نېسىۋىسىچىلىك ئاز ۋە ئاجىز بولىدۇ.

ياردەم بېرىش ۋە مۇكەممەل قوللاشمۇ پەقەت مۇكەممەل ئىمان ئىگىلىرى ئۈچۈن . الله تەئالا مۇنىداق دەيدۇ : « شەك - شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز.» ( غافىر : 51 ) باشقا بىر ئايەتتە بولسا مۇنداق دەيدۇ : « ... مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار- يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى .» ( سەف : 14 )

ئىمانى ئاز بولغان كىشىنىڭ ياردەم ۋە قوللاشتىن بولغان نېسىۋىسىمۇ ئاز بولىدۇ . بۇ سەۋەپتىن قۇلنىڭ ئۆزىگە ياكى مېلىغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە ياكى دۈشمەنگە قارشى مەغلۇپ بولسا ، بۇ ئۇنىڭ ۋاجىپنى تەرك قىلغانلىقى ياكى ھارامنى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بولغان. بۇ بولسا ئىمانىنىڭ كەمتۈكلىكىدىندۇر.

شۇنداق قىلىپ « ... الله كافىرلارغا مۇئمىنلەرگە قارشى ھەرگىز يول بەرمەيدۇ .» ( نىسا : 141 ) ئايىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشقان نۇرغۇن كىشىلەر تىلغا ئېلىشقان مەسىلىمۇ ئارىدىن يوق بولۇۋاتىدۇكى بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئايەتنى چۈشەندۈرگەن ۋاقتىدا ؛ ھۆججەت ( دەلىل ) تەرىپىدىن مۇئمىنلەرگە قارشى بىر يول بەرمەيدۇ ، دېيىشىدۇ .

ھالبۇكى ئەھۋال بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغانلارنىڭ ئەينىسى. پەقەت مۇكەممەل ئىمان ئىگىلىرىگە قارشى ئۇلارغا يول بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمانى ئاجىز بولغان بولسا ، بۇ ئاجىزلىق سەۋەبلىك مۇئمىنلەرگە قارشى كافىرلارنىڭ قولىغا پۇرسەت كەلگەن بولىۋاتماقتا. اللهقا ئىتائەت قىلىشنى تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قارشى كافىرلارغا يول ۋە پۇرسەت بەرگەن بولۇۋاتماقتا . مۇئمىن غالىپتۇر ، ئەزىزدۇر ، دەستەكلەنگۈچىدۇر ، ياردەم قىلىنغۇچىدۇر . الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ ۋە قەيەردە بولسا بولسۇن ، ھەم زاھىردا ۋە باتىندە ئىمانىنىڭ ھەقىقىتى(؟) ۋە لازىملىقلىرىنى بەجا كەلتۈرسە ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا قارشى توپلانغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى خاس الله تەئالادۇر. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« (جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شـــەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.» ( ئالئىمران : 139 )

« (كافىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كافىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىبتۇرسىلەر، الـــــــــلە سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، الـــــــــلە ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ.» ( مۇھەممەد : 35 )

بۇ كۆپايە بولۇش ، ئىمان ۋە ئەمەللىرى سەۋەبى بىلەندۇركى بۇلار الله تەئالانىڭ ئەسكەرلىرىدىن بولغان مۇئمىنلەردۇر. الله تەئالا ئۇلارنى بۇ ئىمانلىرى بىلەن قوغدايدۇ ، ھەر قاچان بۇ قوغداشنى داۋام قىلىدۇ ۋە ھەرگىز ئۈزۈپ قويمايدۇ . كافىرلارنىڭ ۋە مۇنافىقلارنىڭ ، الله تەئالادىن باشقىسى ئۈچۈن قىلغانلىرىنى ۋە الله تەئالانىڭ ئەمرىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىشىگە ئوخشاش .

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ، « ئەل جەۋابۇل كافى » ئىسىملىك كىتابىدا گۇناھلارنىڭ ئىلاھى جازاسى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ : « جازالاردىن بىرى بولسا ، كىشىنىڭ ، گۇناھنى كىچىك سانىغىنى ۋە ئاددى قارىغىنىغا ئوخشاش ، الله تەئالانىڭمۇ ئۇنى مەخلۇقاتنىڭ قەلبىدە سۆيۈمسىز ، قەدىرسىز ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇلمايدىغان بىرى ھالىتىگە كەلتۈرۈشىدۇر . قۇل ، الله تەئالانى ياخشى كۆرگەن مىقداردا كىشىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ . اللەتىن قورققان مىقداردا كىشىلەر ھەم ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. الله تەئالانى ۋە قىممەتلىرىنى يۈكسەلتكەن مىقداردا قۇللار ئۇنى يۈكسەلتىدۇ. اللەنىڭ قىممەتلىرىنى چەيلىگەن قۇلنىڭ قىممەتلىرىنى ئىنسانلار قانداقسىگە چەيلىمىسۇن ! الله تەئالانى كىچىك كۆرگەن ۋە تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىغان قۇلنى ئىنسانلار قانداقسىگە كىچىك كۆرمىسۇن ۋە خورلىمىسۇن! اللەنىڭ چەكلىملىرىنى دەپسەندە قىلىشنى ئاددى چاغلىغان قۇل ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە قانداقسىگە ئاددى ۋە خار كۆرۈلمىسۇن !

الله تەئالا ، قۇرئاندا گۇناھلارنى بايان قىلغاندا بۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان ۋە گۇناھلىرى سەۋەبلىك ، بۇلارنى سادىر قىلغانلارنى رەسۋا قىلغان ، قەلبلىرىنى پەردىلىگەن ۋە گۇناھلىرى بىلەن مۆھۈرلىۋەتكەن ، ئۆزىنى ئۇنۇتقىنىدەك ئۇلارنىمۇ ئۇنۇتقان ، دىنىنى خارلىغىنىغا ئوخشاش ئۇلارنى خارلىغان ۋە ئۆزىنى ھېسابقا ئالمىغانلىقى ئۈچۈن الله تەئالامۇ ئۇلارنى ھېسابقا ئالمىغان . بۇ سەۋەبلىك الله تەئالا ، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ، ئۆزىگە سەجدە قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ :

« ...اللەنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ...» ( ھەج : 18 )

الله تەئالاغا سەجدە قىلىشنى خارلاپ كىچىك كۆرۈپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشنى تەرك قىلغاندا ، الله تەئالامۇ ئۇلارنى خار قىلغاندۇر. الله تەئالانىڭ ئۇلارنى خار قىلىشىدىن كېيىن ئەمدى ھېچكىم

ئۇلارنى ھۆرمەتلىك قىلالمىغان . اللەنىڭ خار قىلغىنىنى كىم ھۆرمەتلىك قىلىدۇ؟ ياكى ھۆرمەتلىك قىلغىنىنى كىم خار قىلىدۇ ؟ » ( ئىبنۇل قەييىم ، ئەل جەۋابۇل كافى ، 80ـ81)

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ : « گۇناھلارنىڭ جازالىرىدىن بىرى بولسا نېئمەتلەرنى يوق قىلىشى ۋە مۇسىبەتلەرنى قۇلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈشىدۇر. قۇل يوقىتىپ قويغان ھەر بىر نېئمەت ، چوقۇم بىر گۇناھى سەۋەبىدىن بولغان . بېشىغا كەلگەن ھەر بىر مۇسىبەت چوقۇم بىر يامانلىق سەۋەبىدىن بولغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : « گۇناھ بولماستىن بالا كەلمەس ۋە تەۋبە بولماستىن بالا كەتمەس.» اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللــــــــه نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار).» ( شۇرا : 30 )

« بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە اللــــه ئۇلارغا بەرگەن نېمىتنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، اللـــــه (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» ( ئەنفال : 53 )

اللــــه تەئــــالا ، ئۆزىنىـــــڭ ئەھـــــۋالىنى ئــــۆزگەرتمىگىچە قۇلغـــــا بەرگەن بىـــــر نېئمەتنـــــى ئۆزگەرتىۋەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان . اللەقا بولغان ئىتائەتنى مەئسىيەتكە ، شۈكرى قىلىشنى كۇفرىلىق قىلىشقا ، رازى بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى غەزەپلەندۈرىدىغان سەۋەبلەرگە ئۆزگەرتىۋەتسە ؛ تولۇق بىر جاۋاب سۈپىتىدە اللە تەئالامۇ قۇلغا ئاتا قىلغانلىرىنى ئۆزگەرتىۋىتىدۇ . اللە قۇللىرىغا زۇلۇم قىلمايدۇ . قۇل ، مەئسىيەتنى ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆزگەرتسە ، اللەمۇ جازانى مۇكاپاتقا ، خارلىقنى ئىززەتكە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ .

« ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللە ئۇلارغا بەرگەن نئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، اللـــــه بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان اللەدىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ.» (رەئد : 11 ) ( ئىبنۇل قەييىم ، ئەل جەۋابۇل كافى ، 85ـ86، دارۇننەدۋەتىل جەددە ، ھىجرى 1400)

ئىبنۇل قەييىمنىڭ ( رەھىمەھۇللاھ ) بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى ، بىز بايان قىلغان بەش ئاساسنى ئەڭ روشەن شەكىلدە ئوتتۇرغا قويۇۋاتماقتا .

بەش ئاساسنى اللەنىڭ ئىزنى بىلەن مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ؛ « مۇسۇلمان بولغان بىزلەر ئەجەبا قانداق ئەھۋالدىمىز؟ » دەپ سورىيالايمىز . مۇسۇلمانلار بۈگۈن بىر مىلياردتىن كۆپ . مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەر بايلىق جەھەتتىن دۇنيانىڭ ئەڭ باي دۆلەتلىرى ۋە شەرقتىن غەربكە

قەدەر سوزۇلغان . ئەڭ مۇھىم دىققىتىمىزنى تارتىدىغان ۋە بوغۇزلىرىمىزغا ئىگە. ئەجەبا بۇ بىر مىليارد مۇسۇلمان نېمە ئەھۋالدا تۇرىۋاتىدۇ؟ ئەجەبا دۇنيادا ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزنى قانداق ؟

اللە ئۇلارغا غەزەپ قىلغان ، خارلىق ۋە پەسلىك تامغىسىنى ئۇرغان ، لەنەت قىلغان ئىككى مىليوندىن ئاشمايدىغان بىر يەھۇدى توپى ئەجەبا يۈز مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا قانداق مۇسەللەت بولغان ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتلىرىدە دېمىدىم ، ئەكسىچە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ يۈرىكىدە قانداقسىگە بىر دۆلەت قۇرالغان ؟

اللەنىڭ كىتابىدا شۇنى ئوقۇۋاتىمىز : « ...شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.» ( نىسا : 76 )

« ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان- زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.» ( ئالئىمران : 111 )

« ئەگەر كافىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيىدە) ئۇرۇشسا، ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى...» ( فەتىھ : 22)

ھالبۇكى بۈگۈن بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان بىر رېئاللىققا دۇچ كېلىمىز. ئەسلى كافىرلاردىن ۋە مۇرتەد ھۆكۈمرانلاردىن بولغان كافىرلار، مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يامان ئازاپنى تېتىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرىشىۋاتىدۇ ، تۈرمىلەرگە توشقۇزىۋاتىدۇ ۋە ئىسكەنجىلەر بىلەن يوق قىلىشىۋاتىدۇ . مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنى ئەسىر ئېلىۋاتىدۇ ۋە تاغۇتلارنىڭ تۈرمىلىرىدە ئۇلارنىڭ ئىففىتىگە تېگىۋاتىدۇ . خەلقنىڭ رىزىقلىرىنى كېسىش ، بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ، دىنىنى ئۆزگەرتىش ، نەسىللەرنى ئىسلامدىن يىراق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن فىتنىلەرنى ۋە ئەخلاقسىزلىقلارنى يېيىشمۇ ئۇلار قىلغان ئەڭ مەلۇملۇق ئىشلاردىندۇر.

بۈگۈن ، كەڭرى دائىرىلىك بىر ھالەتتە ئىسلامى ئىلىملەر توغرىسىدا خىزمەتلەرنىڭ ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز . ئەمما بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايۋاتماقتا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ھېچبىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتماقتا . بۇنىڭ سەۋەبى ئىلىمنىڭ بەرىكىتىنىڭ بولمايۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ ئىلىمنىڭ ۋە قىلىنغان خىزمەتلەرنىڭ نىشانى ، اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئەمەس؛ رەھبەرلىك ، مەمۇرلۇق ، پادىشاھلارنىڭ باتىللىرىنى يوشۇرۇش ۋە ھەتتا قوللاش ياكى غالجىرلىشىپ ھەر تەرەپنى پاسات بىلەن توشقۇزغان كافىرلارنىڭ ئىقتىدارلىرىنى كۈچلەندۈرۈشتۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئىلىم ئەھلى ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا . بۈگۈن ئىسلامى نەشرىياتنىڭ كۆپلىكى ، ئاۋازلىق ۋە سىنلىق نەشر ماتېرىياللىرى ، گېزىتلەر ، ژورناللار ، ھەقلىق ۋە ھەقسىز بېرىلگەن ئاكادېمىك ئۇنۋانلار ، ئىسلام نامى بىلەن تەشكىللەنگەن كونفرىنسىيە ۋە قۇرۇلتايلار ، مۇسابىقىلار ، ئىسلامى ئىنستىتۇتلار ، رادىئولار ،

تېلېۋىزىيەلەر ۋە ھەر سەۋىيەدىن نەشر قىلىنغانلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا ، ئۇخششى كۆرۈلمىگەن بىر كۆپلۈكنىڭ ۋە كۆپ خىللىقنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قانچىلىك مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سورىشىمىز كېرەك .

بۇ يەردە مۇسۇلمانلار تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت ئۈستىدە ئۇزۇن توختىيالمايمىز. بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەييارلانغان ئۇزۇن خىزمەتلەر مەۋجۇت . مەسىلەن دوكتور مۇھەممەد جەمىل ئەل مىسرىنىڭ « كىتابۇ ھادىرىل ئالەمىل ئىسلامى » ئىسملىك كىتابىغا قاراش مۇمكىن . مەن بۇ يەردە پەقەت مەن بايان قىلغان بەش ئاساسنىڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىمىز بىلەن ئالاقىسىنى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشىنى مەقسەت قىلدىم . يەنى :

مۇسۇلمانلارنىڭ ياردەم ۋە غەلىبىدىن مەھرۇم قېلىشىنىڭ سەۋەبى ، ئىلىم ۋە ئەمەل بولۇپ ئىماندىكى چوڭ كەمتۈكلۈكتىن ئىبارەت . اللە تەئالا ؛ « ...مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى .» ( رۇم : 47 ) دېگەن . اللە بەرگەن بۇ ۋەدە نېمىشقا بىز ئۈچۈن ئەمەلىيلەشمەيدۇ؟ اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « (جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شىھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلىك قازىنىسىلەر.» ( ئالئىمران : 139 ) بۇ بىز يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن ئاساسلارنىڭ ئۈچىنچىسى .

بىز ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۇ بالا ، بۇلۇنۇش ، چېچىلىش ۋە خارلىق ، گۇناھلىرىمىز ۋە بىپەرۋالىقىمىز سەۋەبلىك بولغان . چۈنكى اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مىلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللـه نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار).» ( شۇرا : 30 )

« ...ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر...» ( نىسا : 79 )

بۇ يامانلىق ۋە گۇناھلاردىن بىرى ، بەلكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى ، جىھادنى تەرك قىلىشتىن ئىبارەت . جىھادنى تەرك قىلىشتىنمۇ بەك يامان بولغىنى، بۇ تەرك قىلىشقا يوپۇق توقۇش ۋە بۇ يوپۇق ئۈچۈن شەرئى دەلىللەرنى ئېگىپ ئەگرى قىلىشتۇر . بۇ تۆتىنچى ئاساستۇر .

اللە تەئالانىڭ ياردەم قىلىشى ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ۋە بىز ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۇ پەسلىك ۋە خارلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يېگانە يولى ؛ ھاياتىمىزنى اللە رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىشتۇر. چۈنكى اللە تەئالا ؛ « ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى اللـەنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۈزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللـه ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللـه ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)...» ( رەئد : 11 ) دەۋاتماقتا . بۇ بولسا بەشىنچى ئاساستۇر .

بۇ يەرگە قەدەر سۆزلەنگەنلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا مۇنۇلارنى دېيەلەيمىز : بۈگۈن ئىسلامنىڭ مۇستەقىللىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقان ئىسلامى ئېقىملار ۋە ھەرىكەتلەر ، الله بېرىدىغان ياردەم ، غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك ئۈچۈن بولۇشى زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرگەن ئەمەس . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ.» ( يۇنۇس : 44)